# شنجاڭ گېزىتى

新疆日报 | شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
15
چارشەنبە
维吾尔文 4 月15日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25032 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا سېربىيە زۇڭتۇڭى، قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى، فىنلاندىيە زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە سېربىيە زۇڭتۇڭى ۋۇچىچ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - سېربىيە مۇناسىۋىتى ئەڭ چوڭقۇر بولغان دۆلەت بىلەن دۆلەت مۇناسىۋىتى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ سىنىقى ئالدىدا، ئىككى دۆلەت يەنە بىر قېتىم ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆرۈك - تۇغقاندەك قېرىنداشلىق مېھرى ۋە بىر - بىرىگە سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان دوستلۇق مېھرىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ ھازىر سېربىيە خەلقى دۇچ كەلگەن يۇقۇم تەھدىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

# ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان شەكلىۋازلىق مەسىلىسىنى سىجىل ھەل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان شەكلىۋازلىق مەسىلىسىنى سىجىل ھەل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 2019 - يىلنى «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» قىلىپ بېكىتىپ، ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان شەكلىۋازلىق مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يەڭگىل جابدۇندۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كۆرۈشىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، يېڭى دەۋردىكى كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ يىل دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن خەۋپ - خەتەر، خىرىس كۆپەيدى، يەنە يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى قوشقاندا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ ئاشتى، ئېسىل ئىستىل بىلەن خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغىتىش تېخىمۇ زۆرۈر بولماقتا.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىز 1 مىليون مولۇق باغ - ئورماننىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشىنى سىجىل ياخشى تۇتىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە: خاس باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ باغ - ئورمانچىلىقىنىڭ «ئالتۇن خەتلىك ۋىۋىسكىسى»نى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ھەر دەرىجىلىك باغ - ئورمانچىلىقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بويىچە 1 مىليون مودىن ئارتۇق 4700دىن كۆپرەك ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشىنى سىجىل ياخشى تۇتىدىكەن.

باغ - ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن، ئاساسلىق باغ - ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا، ۋىلايەت دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا قۇرۇلغان باغ - ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشى بەشتىن ئاز بولماسلىقى، ھەربىر ئۆلگە كۆرسىتىش بېغىنىڭ كۆلىمى 500 مودىن كىچىك بولماسلىقى؛ ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا قۇرۇلغان ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشى ئالتىدىن كەم بولماسلىقى، ھەربىر ئۆلگە كۆرسىتىش بېغىنىڭ كۆلىمى 300 مودىن كىچىك بولماسلىقى؛ ھەربىر يېزا - بازار ئەڭ ئاز بولغاندا سەككىز پەن - تېخنىكا ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇشى، ھەر بىر ئۆلگە كۆرسىتىش بېغىنىڭ كۆلىمى 200 مودىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى «بىخەتەرلىك كىلاپانى»نى چىڭىتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: «قالدۇق رۇدا ئامبىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىندىكى سۇ توسقۇچى توغاندىن سۇ ئېقىپ قاپتۇ، جەزمەن ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈگىتىش كېرەك!» 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونىدىكى شىنجاڭ شىتو كانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ قومۇل شەھىرى خۇاڭتۇپو كان رايونىدىكى 1 - نومۇرلۇق كان بۆلىكى مىس - سىنك كېنىدا ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش رېۋىزىيە باش ئەترىتىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خادىملىرى بۇ كارخانىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈردى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يېتەكچىسى، تەرتىپ ساقلىغۇچى، تەشۋىقاتچى بولۇپ، بىخەتەرلىك تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 85 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 85 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «ئالاقە تورى +» يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كەنتتىن چىقىرىپ شەھەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 12345 تور ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۈپىتىنى بىرىكتۈرۈپ قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئالاقە تورى +» يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كەنتتىن چىقىرىپ شەھەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. يېزا ئىگىلىكنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۇسكۇنىلەرنى ئۆلگە كۆرسىتىپ قوللىنىشنى كېڭەيتىپ، بىر تۈركۈم ئاقىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسى(باغچە رايونى)

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# يېشىللىقنى باھار پەسلىگە تىكىش



□ شۇ چىڭگۇاڭ

كۆرجەك بىلەن توپا قېزىش، ئورەك كولاپ كۆچەت تىكىش، سۇ ئەكېلىپ سۇغىرىش... ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش دولقۇنى قوزغاپ، يېشىل ئۈمىد تىكىپ، يېشىل ئېقىن تولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق سۆزلۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى دېمىسىمۇ چوشىنىشلىك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار يېشىللىقنى سۆيۈش، يېشىللىقنى قوغداش، يېشىللىق بەرپا قىلىش ئىدىيەسى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇمىي خەلق تەڭ ھەرىكەتكە كېلىش، پۈتۈن جەمئىيەت تەڭ قاتنىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

ئاپتونوم رايونىمىز نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولدى

# بۇ يىل 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان 4536 تۈردە يېڭىدىن ئىش باشلىنىدۇ

نويۇزلۇق ئېلان قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىننىڭ** 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈر جەمئىي 4536، 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى جەمئىي 2188 ئىكەن. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2542 تۈردە يېڭىدىن ئىش باشلانغان بولۇپ، ئىش باشلاش نىسبىتى 56% بولغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايون 390 نۇقتىلىق تۈرنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، جەمئىي 1 تىرىليون 678 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن، 260 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىشنى تاماملاش پىلانلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە: داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 190 بولۇپ، جەمئىي 792 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن، 2020 - يىلى 221 مىليارد 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاش پىلانلانغان؛ يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈر 80 بولۇپ، جەمئىي 134 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن، 2020 - يىلى 38 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاش پىلانلانغان؛ زاپاس تۈر 120 بولۇپ، جەمئىي 752 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەنگەن.

3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، نىيە ناھىيەسى نىيە سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، G30 شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول تۈرى، يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان گولمۇدتىن كورلىغىچە بولغان تۆمۈريول (شىنجاڭ بۆلىكى) تۈرى، كېرىيە ئايرودرومى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ 190 داۋاملاشما قۇرۇلۇش نۇقتىلىق تۈرىدە ئىش، قۇرۇلۇش ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 100% بولدى، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن بىر ئاي ئالدىغا سۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان 80 نۇقتىلىق تۈرى ئىچىدە، تىزناپ دەرياسى مومۇق سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، فېڭچېڭ سۇ ئامبىرىدىن سەنپىڭ سۇ ئامبىرىغىچە بولغان سۇ يەتكۈزۈش تۇروبا يولى قۇرۇلۇشى، G314 لىنىيەسىنىڭ ئاقسۇ تەۋەلىكىدىن ئۆتىدىغان بۆلىكى تاشيول تۈرى، ئاقسۇ مائارىپ شۆيۈەنىنى كۆچۈرۈپ قۇرۇش تۈرى، ئۈرۈمچى شەھىرى لياڭخې يولى شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەردە يېڭىدىن ئىش، قۇرۇلۇش باشلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاش نىسبىتى 70%تىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىدىكى بۇ يىللىق 75 مىڭ ئائىلىلىك قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ 55 مىڭ 745 ئائىلىلىكىدە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، ئىش باشلىنىش نىسبىتى 74%كە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 28 مىڭ 751 ئائىلىلىكتە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، ئىش باشلاش نىسبىتى 98%كە يەتكەن.

ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ پىلال يېزىسى ئاقتۇ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى رۇستەم تۇرسۇن ئۆتكەن ئېيتقاندا ھازىرقى ئەڭ خۇشاللىنارلىق ئىش پات ئارىدا يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىش ئىدى. ئۇ تېلېفوندا مۇنداق دېدى: «يېڭى ئۆي پۈتكەندە، تەبىئىي گاز تۇتاشتۇرۇلىدۇ، مۇنچا ئورنىتىمەن، تاماق ئېتىش، يۇيۇنۇش كۆپ قولايلىشىدۇ، بالىلارنى ئويلىساملا يېڭى ئۆيىنىڭ تېزرەك پۈتۈشىگە بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى كەنت - بازار قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ شاۋئەي مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل ئاپتونوم رايوننىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



جىڭ ناھىيەسى شياتيەنجى سۇچىلىق تۈگۈنىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى نەق مەيدانى (4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تارتىلغان). بۇ قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولۇپ، جەمئىي 724 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، پۈتكەندىن كېيىن سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 28 مىليون 750 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىپ، جىڭ ناھىيەسىدىكى 435 مىڭ مو ئېتىزنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلايدۇ. □ ليۇ شىنجيا فوتوسى

داڭلىق، سۈپەتلىك، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىلغان جايىدىكى ئامبىرى»نى بەرپا قىلىش

# شىنجاڭنىڭ «يەرلىك داڭلىق ماركا» «ئەسلىي داڭلىق ماركا»لىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازار تاپتى

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **گەي يۈۋجۈن**، سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن **ليۇ شى** خەۋەر قىلىدۇ: «قولۇمدىكى ھەققىي گۈجۈڭ ئۈنى. قاراڭ، بۇ، يېشىل مەھسۇلات قارا بۇغداينىڭ ئۈنى...» 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گۈجۈڭ ناھىيەسىنىڭ بەنجيگوۋ بازىرى ياۋجەنزى كەنتى فېڭيۈ يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەتى كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە زالىدا، بىر تور رىياسەتچىسى يەرلىكتىكى داڭلىق، سۈپەتلىك، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاستە كۆرسىتىۋاتاتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)